ھەرىكىتى ئارقىلىق جاراڭلىق قەسىمىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش

—— 6 - نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايون بويىچە ئەخلاق نەمۇنىچىسى ئەرشىدىن زەيىندىن توغرىسىدا خاتىرە

ئەخلاق نەمۇنىچىلىرىنىڭ خىسلىتى

☐ گېزىتىمىزنىڭ تۇرپان مۇخبىرلار پونكىتىدىن **ما جيەنشەن**

6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، توقسۇن ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى شا يېزىلىق ساقچىخانىسىنىڭ ساقچىسى ئەرشىدىن زەيىندىن 6 - نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايون بويىچە ئەخلاق نەمۇنىچىسى دېگەن نامغا ئېرىشكەنلىك تەسىراتى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: «قىلغان ئىشىمنىڭ تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق، مۇكاپات ئېلىش سەھنىسىدە تۇرغان باشقا تەقدىرلەنگۈچىلەر مېنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگەم».

ساقچى بولغاندىن بۇيان، ئەرشىدىن ئىزچىل ئاساسىي قاتلامدا يىلتىز تارتتى. مۇلايىم تەبەسسۇمى، قىزغىن مۇلازىمىتى بىلەن، ئەرشىدىن شۇ جايدىكى پۇقرالارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى، كۆپچىلىك قىيىنچىلىققا يولۇققاندا ئالدى بىلەن ئۇنى ئويلايدىغان بولدى.

2017 - يىلى 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، شا يېزىسى توتەي كەنتىنىڭ تۆت كوچا ئېغىزىدىكى بىر ئاشخانىدىن قۇتقۇزۇڭلار دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى، بىر خىزمەتچىنىڭ قورساق بوشلۇقى جىددىي ئېغىر قانىغان بولۇپ، ئەھۋالى ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى. ئاشخانا مەسئۇلى ئالدىراپ - تېنەپ ئەرشىدىنگە تېلېفون قىلدى. ئەرشىدىن تېلېفوننى ئېلىپلا دەرھال ئاشخانىغا بېرىپ، ئاغرىقنى ساقچى ئاپتوموبىلىغا سېلىش ئۈچۈن ئادەم چاقىردى. كۆپچىلىك ئاغرىقنى كۆتۈرۈپ ئىشىك ئالدىغا چىقىشقا قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلى يېتىپ كەلدى، ئەرشىدىن ساقچى ئاپتوموبىلىنى ھەيدەپ، ئاغرىقنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارغۇچە يول بويى ھەمراھ بولدى، دوختۇرخانا يېشىل يول ئېچىپ جىددىي قۇتقۇزدى، ئاغرىق خەتەردىن قۇتۇلدى. ئىشتىن كېيىن مەلۇم بولۇشىچە، ئەگەر 15 مىنۇت كېچىككەن بولسا، ئاغرىقنى قۇتقۇزۇۋېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن.

خىزمەتداشلىرىنىڭ نەزەرىدە، ئەرشىدىن كۆپچىلىكنىڭ ياخشى ئۆگىنىش ئۈلگىسى. ئۇنىڭ خىزمەتدىشى سۇن باۋفېڭ مۇنداق دېدى: «ئەرشىدىن ئاممىغا قىزغىن مۇلازىمەت قىلىدۇ، خىزمەت مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك، ئۇ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق كۆپچىلىكنى ئىلھاملاندۇرىدۇ، شۇنداقلا بىزنى خەلققە مۇلازىمەت قىلىش ئۈچۈن ئاتىلىنىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ».

2018 - يىلى 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى سائەت 19 ئەتراپىدا، ئەرشىدىن شا يېزىسى توتەي كەنتىنىڭ پاسكىنا سۇ چىقىرىش يولى توسۇلۇپ قېلىپ، توقسۇن ناھىيەلىك سۇ بىلەن تەمىنلەش - سۇ چىقىرىش شىركىتىنىڭ ئىككى رېمونت ئىشچىسىنىڭ قۇدۇق ئاستىدا ھوشىدىن كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى مەلۇماتنى تاپشۇرۇۋالدى. مەلۇماتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئەرشىدىن دەرھال نەق مەيدانغا بېرىپ قۇتقۇزدى، يۈندى يولىدا ھوشىدىن كەتكەن رېمونت ئىشچىلىرىنىڭ ھاياتىنىڭ خەۋپ ئىچىدە قالغانلىقىنى بىلىپ، ئەرشىدىن قىلچە ئىككىلەنمەي، خىزمەتدىشى شەيدۇللا ھامۇت بىلەن قۇدۇققا چۈشۈپ ئادەم قۇتقۇزدى. ئەۋرەز يولىدىكى زەھەرلىك گاز ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئاققۇزۇۋەتتى، كۆپ قېتىم سىناش ئارقىلىق، ئاخىر قاپسىلىپ قالغان ئىككى ئىشچىنى بىخەتەرلىك ئارغامچىسى بىلەن مۇقىملاشتۇرغاندىن كېيىن، ئۇلارنى يەر يۈزىگە بىخەتەر چىقاردى.

ئادەم قۇتقۇزغاندىكى مەنزىرىنى ئەسلىگىنىدە، ئەرشىدىن قىلچە پۇشايمان قىلمىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «خەلق قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا، بىز ساقچىلار بىرىنچى ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇشىمىز كېرەك، خەلق ساقچىلىرى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا ئۆز ھاياتىنى بېغىشلاشتىنمۇ قورقمايدۇ!»

«ياردەمگە موھتاج ئاممىغا ۋاقتىدا ياردەم بېرىپ، ئامما ئىشىنىدىغان ساقچى بولىمەن.» بۇ ئەرشىدىننىڭ ساقچى بولغان تۇنجى كۈندىكى قەسىمى، ئۇ قەلبى ئارقىلىق، مېھرى ئارقىلىق، ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بۇرچى ۋە مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتمەكتە.

ئەرشىدىننىڭ ئۆيى ئۇ تۇرۇشلۇق ساقچىخانىغا يەتتە كىلومېتىر كېلىدۇ، ئاپتوموبىل مۇساپىسىگە ئون مىنۇتمۇ كەتمەيدۇ. لېكىن، ئەرشىدىن ئۆيىنىڭ ئالدىدىن دائىم ئۆتۈپ تۇرسىمۇ كىرمەيتتى، ئەڭ ئۇزاق بولغان بىر قېتىمدا 20 كۈن ئۆيىگە قايتمىغانىدى. ئۇ كۆڭلىدە ئائىلىسىدىكىلەرگە بەك كۆپ قەرز بولۇپ كەتكەندەك ھېس قىلاتتى.

ئەرشىدىن تولۇپ تاشقان قىزغىنلىقى، تىرىشچان، ئاددىي - ساددا پوزىتسىيەسى، ئەستايىدىللىقى بىلەن خىزمەت قىلىدۇ. ئەرشىدىن مۇنداق دېدى: «مەن داۋاملىق ئاساسىي قاتلامدا خىزمەت قىلىپ، خەلق ساقچىلىرىنىڭ قەسىمىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىمەن».

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

جان تىكىپ جەڭ قىلىشقا جۈرئەت قىلغان قەيسەر جەڭچى —— گاۋ چېڭشەن

گاۋ چېڭشەننىڭ سۈرىتى. ☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان (شېنياڭ ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى تەمىنلىگەن)

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شىجياجۇاڭ، 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر بەي مىڭشەن) گاۋ چېڭشەننىڭ ئەينى يىللاردا قىسمىدىن ئەۋەتىلگەن خۇشخەۋەرنامە، تەقدىرنامىلىرىگە قاراپ تۇرۇپ، جىيەنى گاۋ جېنفېن ھاياجانلىنىپ مۇنداق دېدى: «بىز ئەجدادلارنىڭ ئىنقىلابىي روھىغا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىشىمىز كېرەك».

گاۋ چېڭشەن 1922 - يىلى تۇغۇلغان، خېبېي ئۆلكىسىنىڭ يىشيەن ناھىيەسىدىن. 1940 - يىلى 5 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن، شۇ يىلى 6 - ئايدا 8 - ئارمىيەگە قاتنىشىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ خەۋەرچى، بەنجاڭ، پەيجاڭ، سىياسىي يېتەكچى، لىيەنجاڭ قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ۋە ئازادلىق ئۇرۇشىدا، ئۇ باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، كۆپ قېتىم خىزمەت كۆرسەتكەن.

1951 - يىلى 6 - ئايدا، گاۋ چېڭشەن جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىغا قاتنىشىپ چاۋشيەنگە بېرىپ ئۇرۇش قىلغان، پىدائىي قىسىم 68 - جۈن 204 - شى 612 - تۇەن 1 - لىيەننىڭ لىيەنجاڭى بولغان.

شۇ يىلى 10 - ئايدا، گاۋ چېڭشەن بۇيرۇققا بىنائەن پۈتۈن لىيەننى باشلاپ چاۋشيەن پېڭئەن نەنداۋ جىنخۇاجۇندىكى 938.2 ئېگىزلىكنى چىڭ ساقلىغان. ئۇ تۇەنجاڭغا: «بىر ئادەم، بىر مىلتىق قالغۇچە جەڭ قىلىمىز، قەتئىي بىر قەدەممۇ چېكىنمەيمىز!» دەپ بىلدۈرگەن. ئىستىھكامغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇ دەرھال ئاكوپلارنى تېز ياساشقا تەشكىللەپ، يەر شەكلى بىلەن تونۇشۇپ، ئوت كۈچىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، جەڭگە تەييارلىق كۆرگەن.

10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئەتىگەندە، دۈشمەن ئارمىيەسى تۆت ئايروپىلان، نەچچە ئون زەمبىرەكنىڭ ئوت كۈچىنىڭ ھىمايىسىدە، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىككى تۇەن ئەسكىرىي كۈچ بىلەن نۆۋەتلىشىپ ھۇجۇم قىلغان. كۈچلۈك دۈشمەنگە قارىتا، گاۋ چېڭشەن جەسۇرلۇق ۋە كەسكىنلىك بىلەن جەڭگە قوماندانلىق قىلغان، قەيەردە جەڭ كەسكىن بولسا ئۇ شۇ يەردە پەيدا بولۇپ، جەڭچىلەرنى ئىستىھكامنى قەيسەرلىك بىلەن چىڭ ساقلاشقا ئىلھاملاندۇرغان. دۈشمەن ئارمىيەسىنىڭ 5 - بەن ئىستىھكامىدىن بۆسۈپ ئۆتۈش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىق خەۋىرىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇ كۆزىتىش ئورنىدىن تېزلىكتە 5 - بەن ئىستىھكامىغا كېلىپ، خادىم، قورال - ياراغ، ئوق - دورا ئاجرىتىپ سەرخىل قايتۇرما زەربە بېرىش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ئوت كۈچىنىڭ ھىمايىسىدە ئايلىنىپ دۈشمەننىڭ يان ئارقا تەرىپىگە بېرىپ ھۇجۇم قوزغاپ، ئاخىر دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈپ، ئىستىھكامنى ساقلاپ قالغان. 5 - بەننىڭ بەنجاڭى، كومپارتىيە ئەزاسى گو دېجى قايتۇرما زەربە بېرىش جېڭىدە قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان. ئۇنىڭ ئىككى بىلىكى يارىلىنىپ ئەڭ ئاخىرقى بىر گىراناتنى ئاتقاندا يەنىلا: «كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ گۆشىنى تىتۇۋېتەلەيسەڭلارمۇ، لېكىن كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ سۆڭىكىنى ئېزىۋېتەلمەيسەنلەر» دەپ توۋلىغان.

10 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە بولغان بەش كۈندۈز تۆت كېچىدە، ئەسلىدە قارىغايلار بۈك - باراقسان ئۆسكەن 938.2 ئېگىزلىكى دۈشمەن زەمبىرەك ئوقى تەرىپىدىن بىر تاقىر تاغقا ئايلىنىپ قالغان، تاغ يانباغرىدا زەمبىرەك ئوقىنىڭ پارتىلىشىدىن نۇرغۇن ئازگال پەيدا بولغان، پۈتكۈل ئىستىھكام دۈشمەن تەرىپىدىن ۋەيران قىلىۋېتىلگەن، پۈتۈن لىيەندە تالاپەت ئېغىر بولغان، گاۋ چېڭشەننىڭ قوماندانلىق ئورنىمۇ بىر قانچە قېتىم يۆتكەلگەن. دۈشمەننىڭ ئۈچ تەرەپتىن مۇھاسىرىگە ئېلىشى، زەمبىرەك ئوت كۈچى بىلەن قامال قىلىشىغا قارىتا ئۇ تەمكىن قوماندانلىق قىلىپ، تەشەببۇسكارلىقنى پائال قولغا كەلتۈرۈپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ يەتتە قېتىم بىرقەدەر چوڭ قايتۇرما زەربە تەشكىللەپ، دۈشمەننىڭ چوڭ - كىچىك 100 قېتىمدىن ئارتۇق ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈپ، دۈشمەننىڭ 1800دىن ئارتۇق ئادىمىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، يارىلاندۇرۇپ، دۈشمەن ئارمىيەسىنى باشتىن - ئاخىر ئىستىھكامغا يېقىنلاشتۇرماي، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىنىڭ ئۈلگىسىنى ياراتقان.

تۆت كۈن شىددەتلىك جەڭ قىلغاندىن كېيىن، گاۋ چېڭشەن باشلامچىلىقىدىكى 1 - لىيەندە 20گىمۇ يەتمەيدىغان ئادەم قالغان بولسىمۇ، يەنىلا داۋاملىق قەيسەرلىك بىلەن چىڭ ساقلاپ، ياردەمچى قىسىم يېتىپ كەلگۈچە ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ، ئىستىھكامنىڭ بىر سۆڭ يېرىنىمۇ قولدىن بېرىپ قويماي، خەنجياڭ دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىن يۈيىنشەنگىچە بولغان كەڭ رايوندا يېڭى جەڭ سېپى بەرپا قىلىشقا كاپالەتلىك قىلغان. 10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، گاۋ چېڭشەن جەڭدە قەھرىمانلارچە قۇربان بولۇپ، شۇ يىلى 29 ياشتا ئىدى.

1952 - يىلى 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسىم رەھبەرلىك ئورگىنى ئۇنى ئالاھىدە دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ تولۇقلاپ ئەڭگە ئالغان ھەم «1 - دەرىجىلىك قەھرىمان» دەپ تولۇقلاپ نام بەرگەن، ئۇ تۇرۇشلۇق لىيەن كوللېكتىپ ئالاھىدە دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەڭگە ئېلىنغان.

گاۋ چېڭشەننىڭ جەڭگىۋار ئىش ئىزلىرىنىڭ تەسىرىدە، گاۋ جېنفېنمۇ 1977 - يىلى شەرەپ بىلەن ھەربىي سەپكە قاتناشقان، ئۈچ يىلدىن كېيىن ھەربىي سەپتىن چېكىنىپ يۇرتىغا قايتىپ دېھقانچىلىق قىلغان. ئۇ دائىم باللىرىغا مۇنداق دەيتتى: «سىلەرنىڭ بوۋاڭلار ۋەتەن ئۈچۈن قۇربان بولدى، ئەرزىيدۇ! ئاشۇ ۋاقىتتا تۇرمۇش شۇنچىلىك جاپالىق بولسىمۇ چىداپ ئۆتكەنىدۇق، بىز ھازىر يەنە نېمىدىن ئەنسىرەيمىز. ئىككى قولىمىز بولسىلا، ياخشى تۇرمۇش كەچۈرەلەيمىز».

جۇڭتەي گۇرۇھىنىڭ توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك كەسپى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى

(بېشى 1 - بەتتە)

2014 - يىلى، بىر مۇھىم تاللاش جۇڭتەي گۇرۇھىنىڭ ئالدىغا قويۇلدى —— مەبلەغ كەمچىل بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەر تۈپەيلىدىن، شىنجاڭ فۇلدانىڭ تىجارىتى قىيىنچىلىققا ئۇچرىدى، ئەگەر ھەل قىلغىلى بولمىسا، جۇڭتەي گۇرۇھىنىڭ سۇيۇق ئىشقارىمۇ سېتىش قىيىن بولۇش مەسىلىسىگە دۇچ بولاتتى. ئەمما شۇ ۋاقىت شىنجاڭنىڭ توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك كەسپى تەرەققىياتىنىڭ دەل ۋاقتى ئىدى —— ئاپتونوم رايون توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مىليون كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولىدىغان مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇردى ھەم «توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولۇش توغرىسىدىكى پىكىر» «شىنجاڭنىڭ توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولۇش يىرىك پىلان پروگراممىسى (2014 - يىلدىن 2023 - يىلغىچە)»نى ئېلان قىلدى. جۇڭتەي گۇرۇھى قايتا - قايتا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، دەلىللەش ئارقىلىق شىنجاڭ فۇلداغا پاي قوشۇپ، توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك كەسپىگە يۈرۈش قىلىشنى قارار قىلدى.

جۇڭتەي گۇرۇھى بىلەن شىنجاڭ فۇلدا بىرلىشىپ، كەسىپ زەنجىرىنى ئۈنۈملۈك بىرىكتۈردى ۋە ئۇزارتتى، ھەم ئاساسلىق مەھسۇلات كويدۇرگۇچ ئىشقارنىڭ شۇ جايدا يېقىن ئەتراپتا سېتىلىشىنى ئىشقا ئاشۇردى، ھەم ئۆزىنىڭ كۆپ يىللىق تىجارىتى بولغان خىمىيە سانائىتى كەسىپ زەنجىرىنى يەنىمۇ ئۇزارتىپ، كۆلەم يۇقىرى نۇقتىسىدىن ئۈنۈم يۇقىرى نۇقتىسىغا يۆتكەلدى.

ياخشى تەرەققىيات ۋەزىيىتى جۇڭتەي گۇرۇھىنىڭ توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك كەسپىگە ئاتلىنىش ئىشەنچىسىنى چىڭىتتى. 2015 - يىلى، جۇڭتەي گۇرۇھى شىنجاڭ فۇلدانىڭ پېيىنى كونترول قىلدى، 2016 - يىلى، جۇڭتەي گۇرۇھى شىنجاڭ فۇلدانى سېتىۋالدى.

■ كەسىپ زەنجىرى ئۇزىراپ نەتىجە - ئۈنۈم كۆرۈنەرلىك بولدى

مۇخبىرلار شىنجاڭ فۇلى جېنلۇن پاختا توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ ھالقىما ئۆرچۈقلۇق ئالدى يىپ ئېگىرىش سېخىدا يىپ ئېگىرىش ماشىنىسىنىڭ گۈركىرەۋاتقانلىقىنى، ئۆرچۈقلارنىڭ ئايلىنىۋاتقانلىقىنى كۆردى. بىراق، شۇنچە چوڭ سېختا ئىشچىلار يوق دېيەرلىك ئىدى، پەقەت توكسىكلىتقا مىنگەن ياكى تەڭپۇڭ چاققا دەسسەۋالغان ئىشچىلار قاتار - قاتار يىپ ئېگىرىش ماشىنىلىرى ئارىلىقىدىكى كارىدوردا موكىدەك ئۆتۈشۈپ ئارىلاپ تەكشۈرۈۋاتاتتى.

«ھازىرقى بىزنىڭ ئۇ چاغ بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ، ئۈسكۈنىلەر دۇنيادا بىرىنچى قاتاردا تۇرىدۇ، خىزمەت تېخىمۇ ئاسانلاشتى، مۇھىت تېخىمۇ ياخشىلاندى» دېدى سېخ مۇدىرى خې يۈمېي ھاياجانلانغان ھالدا. ئۇ توقۇمىچىلىق كارخانىسىدا 26 يىل ئىشلىگەن بولۇپ، 2016 - يىلى بۇ شىركەتكە كەلگەن.

بۇ شىركەت نۆۋەتتە دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار ھاۋا ئېقىمى ئارقىلىق يىپ ئېگىرىش، تۈربىنىلىق توقۇمىچىلىق ئۈسكۈنىلىرىنى ئىشلەتكەن بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى، مەھسۇلات سۈپىتى بىلەن ئەنئەنىۋى توقۇمىچىلىق كارخانىلىرىنى تەڭ ئورۇنغا قويغىلى بولمايدۇ. «ئىلگىرى 60 مىڭ ئۆرچۈقلۇق توقۇمىچىلىق زاۋۇتىدا 800دىن ئارتۇق ئىشچى ئىشلەيتتى، ھازىر 100گىمۇ يەتمەيدۇ» دېدى خې يۈمېي.

بۇ شىركەت يەنە جۇڭتەي گۇرۇھىنىڭ توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك كەسپى بۆلىكىدىكى بىر كارخانا بولۇپ، شىنجاڭ فۇلدادىن كېيىن، جۇڭتەي گۇرۇھىنىڭ كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىشتىكى يەنە بىر قالتىس قەدىمى ئىدى.

«بىز ئۈچ يىلدا ئۈچ ئىشنى قىلدۇق.» فېڭ ۋېنجۈن مۇنداق دېدى: «2016 - يىلى باشقۇرۇش يىلى قىلىپ، شىنجاڭ فۇلداغا جان كىرگۈزدۇق؛ 2017 - يىلى، شىنجاڭ فۇلدانى زورايتتۇق؛ 2018 - يىلى، شىنجاڭ فۇلدانى كۈچلەندۈردۇق».

ھازىر، شىنجاڭ فۇلدا يېشىل بوتقا ياساش، ھاسىلىي ياغاچ بوتقىسى ياساش، سېللىيۇلوزالىق قىسقا تالا ئىشلەپچىقىرىش، يۇقىرى دەرىجىلىك يىپ ئېگىرىشتىن ئىبارەت تەرەققىيات ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈردى، يىلىغا 380 مىڭ توننا سېللىيۇلوزالىق قىسقا تالا، 90 مىڭ توننا بوتقا تىرىپى، 300 مىڭ توننا سۇلفات كىسلاتاسى ئىشلەپچىقىرىدۇ، يەككە زاۋۇتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ، مۈلكى 10 مىليارد يۈەندىن ئاشىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئىشلەپچىقارغان يىپشاق تالانىڭ كۆپ قىسمى بايىنغولىن ئوبلاستلىق جىنفۇ ئالاھىدە تور توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ فۇلى جېنلۇن پاختا توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى تەرىپىدىن ھەزىم قىلىنىدۇ، بۇنىڭغا بايىنغولىن ئوبلاستلىق تەيچاڭ بوتقا تىرىپى چەكلىك شىركىتى، ئارال شەھەرلىك فۇلدا تالا چەكلىك شىركىتى قوشۇلۇپ، كەسىپ زەنجىرى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى.

شىنجاڭ فۇلدا ئىشخانا بىناسىنىڭ كۆرگەزمە زالىدا، بىر كەسىپ زەنجىرى قۇرۇلمىسى ئىسخېمىسى بار بولۇپ، پاختا - چىگىت تۆنتى - بوتقا تىرىپى - يىپشاق تالا - يىپ ئېگىرىشكىچە بولغان كەسىپ زەنجىرىنى بىر قاراپلا بىلگىلى بولىدۇ. يۇقىرى ئېقىنغا يۈزلەنگەن كېۋەز تېرىقچىلىقى، تۆۋەن ئېقىنغا يۈزلەنگەن توقۇمىچىلىق قاتارلىق كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىشمۇ باشلاندى ھەم نەتىجە - ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

■ «بىزنىڭ كارخانىغا بولغان تەۋەلىك تۇيغۇمىز تېخىمۇ كۈچەيدى»

ۋېي فاڭخۇڭ شىنجاڭ فۇلى جېنلۇن پاختا توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ ھالقىسمان يىپ ئېگىرىش ئارقا يىپ ئېگىرىش سېخىنىڭ مۇدىرى. 1989 - يىلى، 20 ياشلىق ۋېي فاڭخۇڭ بايىنغولىن ئوبلاستىدا دۆلەت ئىلكىدىكى بىر توقۇمىچىلىق زاۋۇتىدا ئىشچى بولغان. بىراق، 2004 - يىلغا كەلگەندە، كارخانا ۋەيران بولۇپ، ئۇ ئىش ئورنىدىن قالدى. «ئۆيدىن چىقىشنى خالىماي، كۈندە ئۆيدە ئولتۇرۇپ يىغلايتتىم» دېدى ۋېي فاڭخۇڭ ئەسلەپ. كېيىن ئۇ بىر پۇقراۋى كارخانىغا بېرىپ بىرقانچە يىل ئىشلىدى، بۇ كارخانىمۇ ۋەيران بولدى. كېيىن، ئۇ شىنجاڭ فۇلى جېنلۇن پاختا توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتىگە كېلىپ ئىشلىدى.

گەرچە ئىزچىل توقۇمىچىلىق كارخانىسىدا ئىشلىگەن بولسىمۇ، لېكىن يېڭى كارخانا، يېڭى ئىش ئورنىنىڭ تەلىپى تېخىمۇ يۇقىرى ئىدى —— ئۈسكۈنىلەر ئىلگىرى ئەسلا كۆرۈپ باقمىغان ئىلغار ئۈسكۈنىلەر بولۇپ، باشقۇرۇشمۇ ئىلگىرىكىگە زور دەرىجىدە ئوخشىمايتتى. ۋېي فاڭخۇڭ ۋە خىزمەتداشلىرى ئىچكىرى ئۆلكىدىكى توقۇمىچىلىق كارخانىلىرىغا ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلدى. ئۇلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ بىر قېتىملىق تەلتۆكۈس ئۆزگىرىش بولدى.

«ھازىر، بىزنىڭ كارخانىغا بولغان تەۋەلىك تۇيغۇمىز تېخىمۇ كۈچەيدى» دېدى ۋېي فاڭخۇڭ. بۇ، قايتا تەشكىللەنگەندىن كېيىنكى بىر قاتار ئۆزگىرىشلەردىن كەلگەنىدى: ئەمگەك قانۇنىغا قەتئىي بويسۇنۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ دەم ئېلىشى ئىلمىي، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 2016 - يىلى، ئۈچ بەنزىگە ئايرىلىپ ئۈچتىن ئايلىنىپ ئىشلەش تۆت بەنزىگە ئايرىلىپ ئۈچتىن ئايلىنىپ ئىشلەشكە ئۆزگەردى، ئىشچىلار يېتەرلىك دەم ئېلىش ۋاقتىغا ئېرىشتى. كارخانا ھەر جەھەتتىن ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە غەمخورلۇق قىلدى، مەسىلەن، ھېيت - بايراملاردا ھال سوراش بۇيۇملىرىنى تارقاتتى، تىرىشىپ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ داۋالىنىشى، پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇتۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە تېخىمۇ ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بەردى.

«بىر كارخانىنى بىرىكتۈرۈشتە جەزمەن بىر كوللېكتىپنى بىرىكتۈرۈش، بىر كوللېكتىپ قۇرۇش كېرەك» دېدى فېڭ ۋېنجۈن. ھازىر، شىنجاڭ فۇلدا تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈۋاتقان زور بىر تۈركۈم 80 - يىللار، 90 - يىللاردىن كېيىن تۇغۇلغان ئىختىساسلىقلار تېز يېتىلىۋاتىدۇ. كەلگۈسى بەش يىلدىن ئون يىلغىچە، ئۇلار كارخانىنىڭ غوللۇق خادىملىرىغا ئايلىنىدۇ.

شىنجاڭ فۇلدا جۇڭتەي گۇرۇھىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىپ زورايغانلىقىنىڭ ئىخچام كارتىنىسى. 2012 - يىلدىن ھازىرغىچە، جۇڭتەي گۇرۇھى دۆلەتنىڭ كەسىپ سىياسىتىگە زىچ تايىنىپ، ئىستراتېگىيەلىك پۇرسەتنى چىڭ ئىگىلەپ، شىنجاڭدا مۇقىملىق ئېلىپ كەلگەن پايدىدىن بەھرىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ بايلىق ئەۋزەللىكىگە تايىنىپ، كاپىتال سۇپىسىنى تىرەك قىلىپ، كارخانىنى ئەمەلىي قۇرۇپ، دۆلەت ئىلكىدىكى زاپاس مىقدارلىق مۈلۈكنى ئۈنۈملۈك جانلاندۇرۇپ، دۆلەت ئىلكىدىكى مۈلۈكنىڭ قىممىتىنى ساقلاش، قىممىتىنى ئاشۇرۇشقا ھەر تەرەپتىن كاپالەتلىك قىلدى. بۈگۈنكى كۈندە، ئۈرۈمچى، سانجى، تۇرپان، كورلا، ئارال قاتارلىق جايلاردا ئون چوڭ كەسىپ باغچىسى قۇرۇلۇپ، PVC، كويدۇرگۇچ ئىشقار، كالتسىي كاربىد، داشقالدىن سېمونت ياساش ھەمدە كېۋەز تېرىقچىلىقى، يىپ ئېگىرىش، پاختا بوتقىسى تىرىپى قاتارلىق يۇقىرى - تۆۋەن ئېقىن ئايلانما ئىقتىساد كەسىپلەر زەنجىرىنى شەكىللەندۈردى.

(بېشى 1 - بەتتە)

ھەققىي ئۆگەندى، كۆڭۈلنى توختىتىپ زېھنىنى يىغىپ ئۆگەندى، ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق ئۆگەندى، چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ ئۆگەندى، ئەمەلىيەتكە باغلاپ ئۆگەندى... چوڭقۇر ئۆگىنىش، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش داۋامىدا، قەتئىي بولۇشنى ئۆگىنىپ، سادىقلىقنى ئۆگىنىپ، ئاڭلىقلىقنى ئۆگىنىپ، سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈردى، تەپەككۇرى ۋە نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى، ئىدىيەۋى مەنزىلنى يۈكسەلدۈردى، نەزەرىيە ئۆگىنىشتە ئۈنۈم ھاسىل قىلىپ، ئىدىيەۋى - سىياسىي جەھەتتە تاۋلىنىش نىشانىغا يەتتى.

ئەكسىچە، ئەگەر نەزەرىيە ئۆگىنىشتە ئاچ بۆرىدەك يەپ، تەھلىل قىلمايلا قارىسىغا قوبۇل قىلغاندا، بىپەرۋالىق قىلىپ، چوڭقۇر چۈشىنىشكە ئىنتىلمىگەندە، گۆھەر تاغقا كىرىپ قۇرۇق قول قايتقاندەك ۋاقىت ۋە زېھنىي كۈچ ئىسراپ بولىدۇ. شۇڭا، نەزەرىيە ئۆگىنىشتە، ئۆگىنىش پوزىتسىيەسىدىكى «ئۆگىنىشكىلا ئىنتىلىپ، ياخشى ئۆگىنىشكە ئىنتىلمەسلىك»تىن، ئۆگىنىش، ئىشلىتىش مۇناسىۋىتىدىكى «ئۆگىنىش ئۆگىنىش پېتى، سۆز سۆز پېتى، ئىش ئىش پېتى» قىلىشتىن، ئۆگىنىش ئۈنۈمىدىكى «ئۆگىنىش يۈزەكى بولۇش، ئۆگىنىش چېچىلاڭغۇ بولۇش، ئۆگىنىش قالايمىقان بولۇش»تىن ساقلىنىش كېرەك.

نەزەرىيە ئۆگىنىشتە كۆپرەك يۇمشاق چاينىپ ئاستا يۇتۇش، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ ئۆگىنىش، مەسىلىنى تۇتۇپ ئۆگىنىش كېرەك، چۈشىنىپ ئۆگىنىش، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى، قەلبلەرگە سىڭدۈرۈشنى، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرغاندىلا، «پارتىيەمىزنىڭ جەڭگىۋارلىق كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغىلى بولىدۇ».

(«سۆز ھەممىگە» ماقالە ئەۋەتىش خەت ساندۇقى xjrbplb@126.com)

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياك كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)